# AM/FM رادىئولىرى
# سىزىمچان ئېكرانلىق رادىئو

JOHN DEERE

## ئىشلىتىش قوللانمىسى

## AM/FM ۋە سىزىمچان ئېكرانلىق رادىئو

(UYGHUR)    L5 مەسلە    OMTR143751

**John Deere Waterloo Works**
خەلقارالىق نۇسخىسى
Printed in U.S.A.

## كىرىش سۆز



RX679558—UN—11JUL25

ئېنىقلاش كۆرۈنۈشى - AM/FM رادىئولىرى A

CF4BIPJ,1752245698334-UG-07AUG25-1/4



RX679559—UN—11JUL25

ئېنىقلاش كۆرۈنۈشى 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو

CF4BIPJ,1752245698334-UG-07AUG25-2/4



RX679560—UN—11JUL25

ئېنىقلاش كۆرۈنۈشى 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو

CF4BIPJ,1752245698334-UG-07AUG25-3/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە



RX679561—UN—11JUL25

ئېنىقلاش كورۇنۇشى - AM/FM Magnadyne رادىئولىرى

بۇ قوللانمىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىپ، رادىئو سىستېمىسىنى قانداق ئىشلىتىش ۋە ئاسراشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن (زاكاز قىلىش ئۈچۈن John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ).

مەزكۇر قوللانما ماشىنىڭىزنىڭ دائىملىق پارچىسى سۈپىتىدە قارىلىشى ۋە ئۇ سىز ماشىنىنى سېتىۋەتكەن چاغدا بىرگە بولۇشى لازىم.

تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بۆلۈمىدە تەمىنلەنگەن بوشلۇققا مەھسۇلات پەرقلەندۈرۈش نومۇرى (.P.I.N) نى خاتىرىلىۋېلىڭ. بارلىق نومۇرلارنى توغرا خاتىرىلىۋېلىڭ. مۈلكىڭىز ناۋادا ئوغرىلانسا، مەزكۇر نومۇرنىڭ ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا چوڭ ياردىمى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ نومۇرنى باشقا بىر جايغا خاتىرىلەپ قويۇشىڭىز تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

CF4BIPJ,1752245698334-UG-07AUG25-4/4

## تاۋار ماركىلىرى

| تاۋار ماركىلىرى | |
|---|---|
| Apple CarPlay® | iPhone ۋە Siri بولسا ئالما پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئامرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەردە رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. Apple CarPlay بولسا Apple Inc نىڭ تاۋار ماركىسى. |
| AMBE® | رەقەملىك ئاۋاز سىستېمىلىرى پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى. |
| Android Auto® | Google Inc نىڭ تاۋار ماركىسى. |
| ®Bluetooth | Bluetooth SIG نىڭ تاۋار ماركىسى |
| CommandARM™ | Deere & Company نىڭ تاۋار ماركىسى |
| CommandCenter™ | Deere & Company نىڭ تاۋار ماركىسى |
| iPhone® | iPhone ۋە Siri بولسا ئالما پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئامرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەردە رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. Apple CarPlay بولسا Apple Inc نىڭ تاۋار ماركىسى. |
| iPod® | iPhone ۋە Siri بولسا ئالما پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئامرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەردە رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. Apple CarPlay بولسا Apple Inc نىڭ تاۋار ماركىسى. |
| John Deere | Deere & Company نىڭ تاۋار ماركىسى |
| Siri® | iPhone ۋە Siri بولسا ئالما پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئامرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەردە رويىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. Apple CarPlay بولسا Apple Inc نىڭ تاۋار ماركىسى. |
| SiriusXM® | Sirius XM Radio پايچېك ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى. |
| StellarSupport™ | Deere & Company نىڭ تاۋار ماركىسى |

KD34109,0000017-UG-12JUL25-1/1

# مۇندەرىجە

بەت


**AM/FM رادىئولىرى A**
كونتروللىغۇچلار ۋە ئەسۋابلار .......... 00-1

**ئومومى مەشغۇلاتلار - AM/FM رادىئولىرى A**
نىشانلانغان ئىشلىتىش مەقسىدى .......... 05-1
رادىئو قوبۇللىغۇچىنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرى .......... 05-1
ئۈنسىز قىلىش .......... 05-1
يورۇقلۇق دەرىجىسىنى تەڭشەش .......... 05-1
سائەتنى توغرىلاش .......... 05-2

**تاشقىرىقى ئاۋاز مەنبەلىرى – AM/FM رادىيولىرى A**
قوشۇمچە كىرىش ۋە USB كىرىشى .......... 10-1

**رادىيو مەشغۇلاتلىرى - AM/FM رادىيولىرى A**
توغرىلىغۇچ دولقۇن رايۇنى .......... 15-1
توغرىلىغۇچنى تەسىس قىلىش .......... 15-1
دولقۇن بەلۋېغىنى تاللاش .......... 15-1
ئىزدەش سەزگۈرلىكىنى ئۆزگەرتىش .......... 15-1
ئالدىن تەسىسلەر .......... 15-2
ئاختۇرۇش ۋە ئاپتوماتىك ئاختۇرۇش .......... 15-2

**مېدىيا - AM/FM رادىيولىرى A**
USB ساقلىغۇچ .......... 20-1
USB ھۆججىتىنى قويۇش .......... 20-1
قوشۇمچە (AUX) ئۈسكۈنىلەر .......... 20-2

**Bluetooth® - AM/FM رادىيولىرى A**
Bluetooth® نى قوزغىتىش ياكى توختىتىش .......... 25-1
Bluetooth® ئەسلىھەسىنى جۈپلەشتۈرۈش .......... 25-1
Bluetooth® ئەسلىھەسىنى باغلاش ياكى ئاجرىتىش .......... 25-1
Bluetooth® ئەسلىھەسىنى چىقىرىپ تاشلاش .......... 25-2
Bluetooth® نىڭ قولنى مەشغۇل قىلماي تېلېفون ئۇرۇش
خۇسۇسىيەتلىرى .......... 25-3
Bluetooth® ئاۋاز .......... 25-5

**DAB+ رادىيوسى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) - AM/FM رادىيولىرى A**
رەقەملىك ئاۋاز تارقىتىش (DAB+) رادىئوسى .......... 30-1
رايونلاشتۇرۇش .......... 30-1
قاتناش ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىشى (TA) .......... 30-1
باشقا چاستوتىلار (AF) .......... 30-2
يېڭىلاش — AM/FM رادىئولىرى A .......... 30-3

**ياڭراتقۇ سەپلىمىسى - AM/FM رادىيوسى A**
ئاۋاز كونترول تىزىملىكى .......... 35-1
ئىشلەتكۈچى تىزىملىكى .......... 35-2

**مەسىلىنى ھەل قىلىش - AM/FM رادىيولىرى A**
كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاش .......... 40-1

**تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر - AM/FM رادىيولىرى A**
تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر .......... 45-1
مەھسۇلات پەرقلەندۈرۈش نومۇرى .......... 45-1
ئەسكەرتىش ئۇچۇرلىرى .......... 45-1
فېدراتسىيە ئالاقە ئىشلىرى كومىسسىيونى (FCC) نىڭ باياناتى .......... 45-2
فېدراتسىيە ئالاقە ئىشلىرى كومىسسىيونى (FCC) نىڭ
ئاگاھلاندۇرۇشى .......... 45-2
CE گۇۋاھنامىسى .......... 45-2
ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلىكى .......... 45-3
ياۋروپا بىرلەشمىسى گۇۋاھنامىسى .......... 45-4
ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلىكى .......... 45-14
ئۇيغۇنلۇق باياناتى .......... 45-16
كانادا گۇۋاھنامىسى .......... 45-19
گۇۋاھنامە بەرگۈچى .......... 45-22
ئارگېنتىنا گۇۋاھنامىسى .......... 45-26
بىرازىلىيە گۇۋاھنامىسى .......... 45-35
مېكسىكا گۇۋاھنامىسى .......... 45-38
رۇسىيە گۇۋاھنامىسى .......... 45-51
جەنۇبىي ئافرىقا گۇۋاھنامىسى .......... 45-61
پاراگۋاي گۇۋاھنامىسى .......... 45-63
—پاراگۋاي - ئومۇمىي جاۋابكارلىقنى رەت قىلىش باياناتى .......... 45-66
UKCA گۇۋاھنامىسى (AM/FM رادىئو A) .......... 45-67
UKCA گۇۋاھنامىسى (AM/FM رادىيو Harman) .......... 45-74
فىرانسىيە گۇۋاھنامىسى ..........

**AM/FM رادىيولىرى B**
پەرقلەندۈرۈش كۆرۈنۈشلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ..........

**6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
تىزگىنلەر ۋە ئەسۋابلار ..........

**ئومۇمىي مەشغۇلات - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
نىشانلانغان ئىشلىتىش مەقسىدى ..........
رادىئو قوبۇللىغۇچىنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرى ..........
ماشىنا ھەرىكەتلىنىۋاتقان پەيتتە ئىشلىتىش چەكلىنىدىغان
فۇنكسىيىلەر ..........
رادىئونى ئۈچۈرۈپ ياندۇرۇش ..........
باش بەت (Apple CarPlay بار بولغان رادىيو) ..........
باش بەت (Android Auto بار بولغان رادىيو) ..........
ئۈن سەۋىيىسىنى تەڭشەش ۋە ئۈنسىز قىلىش ..........
بېسىپلا سۆزلىشىش (PTT) ..........
كونۇپكا تاختىسى ..........
يۇمشاق دېتالنىڭ يېڭىلىنىشى ..........

**سىرتقى ئاۋاز مەنبەسى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
قوشۇمچە كىرىش ۋە USB كىرىشى ..........
مىكروفون ..........



داۋامى كېيىنكى بەتتە


ئەسلى يوليورۇق. بۇ قوللانمىدىكى بارلىق ئۇچۇرلار، قىستۇرما رەسىملەر ۋە كۆرسەتمىلەر نەشىر قىلىنغاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغان. ئەسكەرتىش بەرمەيلا خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بىزدە.


COPYRIGHT © 2025
John Deere GmbH & Co. KG Mannheim Regional Center
Zentralfunktionen
All rights reserved.
A John Deere ILLUSTRUCTION™ Manual
Previous Editions
Copyright © 2024

بەت

**رادىئو مەشغۇلاتى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
FM ۋە AM بەتلىرى (شىمالى ئامېرىكا)
FM ۋە AM بەتلىرى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
FM ۋە AM بەتلىرى (ياپونىيە)
ئالدىن تەسىسلەر
FM تەڭشەكلىرى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
SiriusXM®- ئومومى ئۇچۇرلار (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
SiriusXM®- بېتى (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
SiriusXM®- كۆز يۈگۈرتۈش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
SiriusXM®- مۇزىكىغا توغرىلاش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
SiriusXM®- ئويۇن رايونى (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
SiriusXM®- ياندۇرۇپ قويۇش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
رەقەملىك ئاۋاز تارقىتىش (DAB+) بېتى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
رەقەملىك ئاۋاز تارقىتىش (DAB+) تەڭشەكلىرى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

**مېدىيا - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
USB بېتى - ئاۋاز
USB بېتى - ۋىدىئو
Bluetooth® بېتى
AUX بېتى
مېدىئاغا كۆز يۈگۈرتۈش
ئەسلىەنى ئالماشتۇرۇش

**تېلېفون - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
ئومومى كۆرۈنۈش بېتى
ئامراقلار بېتى
يېقىنقىلار بېتى
كونۇپكا تاختىسى بېتى
تېلېفون دەپتىرى بېتى
ئۇچۇرلار بېتى
ئۆلچەملىك تېكىست يوللاش

**كامېرا (سەپلەنگەن بولسا) - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
كامېرا (ئەگەر سەپلەنگەن بولسا)

**SiriusXM® ھاۋارايى (ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا) - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىيو**
ھاۋارايى بەتلىرى
ھاۋارايى سىنبەلگىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى

**رادىئو ئىقتىدارلىرى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
Apple CarPlay® سەپلەنگەن بولسا
Android Auto™ سەپلەنگەن بولسا

**ئومۇمىي تەڭشەك - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
يورۇقلۇق تەڭشەكلىرى
كۆرسەتكۈچ ئېكران

بەت

ئاۋاز پەرىقلەندۈرۈش (VR) ياردەم ئېكرانى
يۇقىرى دەرىجىلىك رادىئو تەڭشەكلىرى (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
USB ئەسلىەسىنى ئاپتوماتىك قويۇش
SiriusXM®- تەڭشەكلىرى (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
سىستېما تىلى
چېسلا ۋە ۋاقىت
سىستېما ئۇچۇرلىرى
ئەسلىەنىڭ Bluetooth® نامىنى ئۆزگەرتىش
زاۋۇت سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش

**ئاۋاز تەڭشىكى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
EQ (تەڭلەشتۈرگۈچ) ۋە ئاۋاز ئورنى
كۆڭۈل ئېچىش ئاۋاز سەۋىيىسى
AUX ئاۋاز سەۋىيىسىگە ئېرىشىش
مىكروفوننىڭ ئاۋاز سەۋىيىسى
تېلېفوننىڭ ئاۋاز سەۋىيىسى
قوڭغىراقنىڭ ئاۋاز سەۋىيىسى
سۆز/VR (ئاۋاز پەرىقلەندۈرۈش) ئۈن سەۋىيىسى
قاتناش ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىشىنىڭ ئۈن سەۋىيىسىنى تەڭشەش (خەلقئارالىق، ياۋروپانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
تىتىلدىغان ئاۋازلار
سۈرئەت ئاۋاز سەۋىيىسى

**تېلېفون تەڭشىكى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
يېڭى ئەسلىھە قېتىش
ئەسلىەنى تەھرىرلەش

**سودىگەر (ئالىي) تەڭشىكى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
مۇھىم - چوقۇم ئوقۇڭ
سودىگەر تەڭشەكلىرىگە كىرىش
باغلىنىش
كونترول تاختىسى ئۆزچاتى
سېزىمچان ئۆزچات
مىكروفون
سىستېما ئۇچۇرلىرى
مەھسۇلات ئۇچۇرلىرى
ماشىنا سىگنالى
ياڭراتقۇ تەسىسى
توغرىلىغۇچ دولقۇن رايونى
SiriusXM®- نى قوزغىتىش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - پۇئېرتو رىكو - كانادا)
توغرىلىغۇچ قوبۇللاش

**زاۋۇت (ئالىي) تەڭشىكى - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
مۇھىم - چوقۇم ئوقۇڭ
زاۋۇت تەڭشەكلىرىنى زىيارەت قىلىش
باغلىنىش
ماشىنا سىگنالى
ئاۋاز تەڭشۇرۇش
مىكروفون

**كاشىلا ھەل قىلىش - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**
كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاش

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

بەت

**ئۆلچەملەر - 6.5 دىيۇم (16.5 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر
مەھسۇلات ۋە SiriusXM® نىڭ پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرى
ئەسكەرتىش ئۇچۇرلىرى
فېدراتسىيە ئالاقە ئىشلىرى كومىسسىيونى (FCC) نىڭ باياناتى
فېدراتسىيە ئالاقە ئىشلىرى كومىسسىيونى (FCC) نىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى
مېكسىكىغا قارىتا Bluetooth® ئۇچۇرلىرى
پاراگۇئايغا قارىتا Bluetooth® ئۇچۇرى
برازىلىيىگە قارىتا Bluetooth® ئۇچۇرى
ئارگېنتىناغا قارىتا Bluetooth® ئۇچۇرى
جەنۇبى ئافرىقىغا قارىتا Bluetooth® ئۇچۇرى
تەيۋەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۇچۇرلىرى
ئۇيغۇنلۇق باياناتى
ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلىكى

**8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو ۋە كونترول

**ئومۇمىي مەشغۇلات - 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

نىشانلانغان ئىشلىتىش مەقسىدى
رادىئو قوبۇللىغۇچىنىڭ ئاساسىي تەڭشەكلىرى
ماشىنا ھەرىكەتلىنىۋاتقان پەيتتە ئىشلىتىش چەكلىنىدىغان ئىقتىدارلار
رادىئونى ئۆچۈرۈپ ياندۇرۇش
باش بەت
باش بەت (Android Auto/Apple CarPlay بىلەن ئۇلانغان رادىئو)
يانبالداق ئىقتىدارلىرى
ئەپلەر بېتى
ئۈن سەۋىيىسىنى تەڭشەش ۋە ئۈنسىز قىلىش
ئۈن كونتروللىغۇچ
ئاۋازلىق شەخسىي ياردەمچى
كۇنۇپكا تاختىسى

**سىرتقى ئاۋاز مەنبەسى - 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

USB كىرىشى
مىكروفون

**ئىشلەتكۈچى ئارخىپى تەڭشەش – 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

ئىشلەتكۈچى ئارخىپى قۇرۇش

**كۆكچىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۇلاش – 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

باش ئېكراندىن ئۈسكۈنە ئۇلاش
تەڭشەكلەر ئارقىلىق كۆكچىشنى ئېچىش/ئېتىش

**ئەپلەرنى زىيارەت قىلىش بېتى – 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

ئۈسكۈنە باشقۇرغۇچنى زىيارەت قىلىش
ماشىنىنى زىيارەت قىلىش
تېلېفوننى زىيارەت قىلىش
Apple CarPlay ياكى Android Auto نى زىيارەت قىلىش
بارلىق ئەپلەرنى زىيارەت قىلىش

بەت

**ئومۇمىي تەڭشەك - 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

ئۈستى بالداق تەڭشەكلىرى
كۆرسىتىش تەڭشەكلىرى
ئاۋاز تەڭشىكى
كۆكچىش تەڭشەكلىرى
Wi-Fi & تور ئۇقتىسى تەڭشەكلىرى
ئەپلەر ۋە ئىجازەت تەڭشەكلىرى
چېسلا ۋە ۋاقىت تەڭشەكلىرى
ئىشلەتكۈچى تەڭشەكلىرى
سىستېما تەڭشەكلىرى
يۇمشاق دېتال يېڭىلاش تەڭشەكلىرى
ئاۋازلىق شەخسىي ياردەمچى تەڭشىكى
ئۆلچەم بىرلىكى
ئورۇن
ساقلاش بوشلۇقى

**يۇمشاق دېتال يېڭىلاش – 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

يۇمشاق دېتالنى يېڭىلاش

**كاشىلا ھەل قىلىش - 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاش

**ئۆلچەملەر - 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر

**گۇۋاھنامە – 8.0 دىيۇم (20.3 سانتىمېتىر) سېزىمچان ئېكرانلىق رادىئو**

CE گۇۋاھنامىسى
فېدراتسىيە ئالاقە ئىشلىرى كومىسسىيونى (FCC) ۋە ICES نىڭ باياناتى
جۇڭگو گۇۋاھنامىسى
ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلىكى
مېكسىكا گۇۋاھنامىسى
ياپونىيە گۇۋاھنامىسى
ساموئا گۇۋاھنامىسى
ياۋروپا بىرلەشمىسى گۇۋاھنامىسى
باھاما گۇۋاھنامىسى
مالاۋىي گۇۋاھنامىسى
كورىيە گۇۋاھنامىسى
برازىلىيە گۇۋاھنامىسى
ئىسرائىلىيە گۇۋاھنامىسى
تەيۋەن گۇۋاھنامىسى
تايلاند گۇۋاھنامىسى
نىگېرىيە گۇۋاھنامىسى
ماراكەش گۇۋاھنامىسى
يامايكا گۇۋاھنامىسى
سىنگاپور گۇۋاھنامىسى
ھىندونېزىيە گۇۋاھنامىسى
ماۋرىتانىيە گۇۋاھنامىسى
سېنېگال گۇۋاھنامىسى
جەنۇبىي ئافرىقا گۇۋاھنامىسى
تانزانىيە گۇۋاھنامىسى
پاكىستان گۇۋاھنامىسى
ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇنلۇق باياناتى
ئەنگلىيە ئۇيغۇنلۇق باياناتى
ئۇكرائىنا گۇۋاھنامىسى
ئۆزبېكىستان گۇۋاھنامىسى

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

**بەت**

زامبىيە گۇۋاھنامىسى ..................................................

**AM/FM Magnadyne رادىيوسى**
4SP3 -AUC18239 .............................................
4SP4 -AUC-18303 .............................................
كۆكچىش ئۇلىنىشى ......................................................
ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇنلۇق باياناتى .......................................
ئەنگىلىيە ئۇيغۇنلۇق باياناتى ..................................................
كانادا گۇۋاھنامىسى .......................................................

## كونتروللىغۇچلار ۋە ئەسۋابلار




RXA0169547—UN—09JUL19

تاللاش 1




RXA0169555—UN—09JUL19

تاللاش 2

| تاللاملار | AM/FM رادىئوسى | قوشۇمچە | USB | Bluetooth® | DAB+ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | X | X | — | — | — |
| 2 | X | X | X | [a]X | [b]X |

[a] ھەممە جايدا Bluetooth® نىڭ ئىشلىشى ناتايىن.
[b] شىمالى ئامېرىكىدا يوق.

**A—SRC** - رادىئو مەنبەسىنى يۆتكەش ئۈچۈن بۇ يەرنى بېسىڭ (AM, FM, WX/LW, DAB, USB/iPod®, ئالدى AUX, ياكى ئارقا AUX). مەۋجۇت مەنبەلەر رادىئو تاللاملىرىغا ۋە ئورۇنغا باغلىق.

### :B—PWR/ESC

- **ئېلېكتر مەنبەسى** - رادىئونى ئاچىدۇ. رادىئونى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بېسىپ تۇرۇڭ.
- **چېكىنىش** - تىزىملىك ئىچىدە بىر قەۋەت چېكىندۈرىدۇ. Bluetooth® دا، كەلگەن تېلېفون چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ.

### :C—DISP

- **مەنبە كۆرسەتكۈچ** - ئۇتئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ يەرنى بېسىش ئارقىلىق كۆرسەتكۈچ مەنبەسىنى تاللاشقا بولىدۇ.
- **سائەت كۆرسەتكۈچ** ماتورنىڭ ئوتى ئۆچكەندىن كېيىن، سائەتنى بىر قانچە سېكونت كۆرسىتىدۇ.

**D—ئاۋاز سەۋىيىسى** - ئوڭغا بۇرىغاندا ئاۋاز سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدۇ، سولغا بۇرىغاندا كېمەيتىدۇ.

### :E—MUTE/MENU/OK

- **ئۈنسىز قىلىش** - (2 سېكونتتىن) قىسقا ۋاقىت باسقاندا ئۈنسىزلەشتۈرىدۇ. ئاۋازنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېسىڭ.
- **تىزىملىك** - (4 سېكونت ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق) ۋاقىت بېسىپ تۇرغاندا تىزىملىككە كىرىدۇ.
- **ماقۇل** - تىزىملىك ئىچىدە تاللاش ئېلىپ بارىدۇ.

### :F—SCAN/ASCN

KD34109,0000500-UG-17JAN20-1/2

داۋامى كېينكى بەتتە

- **ئاختۇرۇش** - (2 سېكونتتىن قىسقا) ۋاقىت باسقاندا رادىئو ئىستانسىلىرى/ئاۋاز يوللىرىنى ئاختۇرىدۇ. ئاختۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېسىڭ.
- **ئاپتوماتىك ئاختۇرۇش** - (4 سېكونت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق) باسقاندا نۆۋەتتىكى دولقۇن بۆلىكىدە تېپىلغان سىگنالى ئەڭ كۈچلۈك ئالتە ئىستانسىنى ساقلايدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ »رادىئو مەشغۇلاتى - AM/FM رادىئولىرى A« بۆلۈمىدىكى ئاختۇرۇش ۋە ئاپتوماتىك ئاختۇرۇش دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

**G—كۆزيۈگۈرتۈش** - USB ھەيدىگۈچىدىكى ئاۋاز يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ.

**H—قويۇش/تەنەپپۇس** - مەنبەنى قويۇشقا باشلايدۇ ياكى تەنەپپۇس قىلىدۇ.

**I—RPT** - نۆۋەتتىكى ئاۋاز يولىنى قايتىلاپ قويىدۇ. ئاۋاز يولىنى تىزىمىنى قايتىلاش ئۈچۈن قايتىدىن بېسىڭ. قايتىلاشنى توختىتىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم بېسىڭ.

**J—RDM** - ئاۋاز يولىنى ئىختىيارى تەرتىپتە قويىدۇ. ئىختىيارىي تەرتىپتە قويۇشنى توختىتىش ئۈچۈن قايتا بېسىڭ.

**F—ئالدىن تەسسىلەر:**

- **ئالدىن تەسسىنى تاللاش** - (1 دىن 6 گىچە) نومۇر قويۇلغان تۈگمىلەر ئارقىلىق ئالدىن ساقلاپ قويۇلغان ئىستانسىلارغا يۆتكىلىشكە بولىدۇ.
- **ئالدىن تەسسىنى ساقلاش** - (1 دىن 6 گىچە) نومۇر قويۇلغان تۈگمىلەرنى بېسىپ تۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم ئىستانسىنى ساقلىۋېلىشقا بولىدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ »رادىئو مەشغۇلاتى - AM/FM رادىئولىرى A« بۆلۈمىدىكى ئالدىن تەسسىلەر دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

**:L—PREV**

ئىزاھات: توغرىلىغۇچىنىڭ تۈگمە تەڭشىكىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ »رادىئو مەشغۇلاتى - AM/FM رادىئولىرى A« بۆلۈمىدىكى توغرىلىغۇچىنى تەسىس قىلىش دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

- **ئالدىنقى ئاۋاز يولى/ئىستانسا** ئالدىنقى ئاۋاز يولى ياكى ئالدىنقى ئىستانسىغا قايتۇرىدۇ.
- **كەينىگە ياندۇرۇش** - ئاۋاز يولىنى كەينىگە ياندۇرىدۇ.

**:M—NEXT**

ئىزاھات: توغرىلىغۇچىنىڭ تۈگمە تەڭشىكىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ »رادىئو مەشغۇلاتى - AM/FM رادىئولىرى A« بۆلۈمىدىكى توغرىلىغۇچىنى تەسىس قىلىش دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

- **كېيىنكى ئاۋاز يولى/ئىستانسا** كېيىنكى ئاۋاز يولى ياكى كېيىنكى ئىستانسىغا قايتۇرىدۇ.
- **تېز ئۆتكۈزۈش** - ئاۋاز يولىنى تېز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېسىپ تۇرۇڭ.

**N—ئالدى قوشۇمچە كىرىش** - قوشۇمچە (AUX) ئەسلىھەلەرنى چېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پەقەت ئۇلانغان ۋاقىتتىلا مەنبەلەردە F AUX دەپ كۆرۈنىدۇ.

**O—تېلېفون (Bluetooth® بولىشى شەرت):**

- **Bluetooth® تىزىملىكى** - ئەسلىھە چېتىلمىغان ھالەتتە، Bluetooth® تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ.
- **كىرگەن تېلېفون** - ئەسلىھە چېتىلغان ھالەتتە، (2 سېكونتتىن قىسقا) باسقاندا كىرگەن تېلېفوننى باغلايدۇ.
- **نومۇر بۇراش تىزىملىكى** - ئەسلىھە چېتىلغان ھالەتتە (4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق) باسقاندا نومۇر بۇراش تىزىملىكى كۆرۈنىدۇ.

**P—Bluetooth®** - رادىئو Bluetooth® نىڭ ھازىر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**+Q—DAB** - رادىئونىڭ رەقەملىك ئاۋاز تارقىتىش (+DAB) غا ھازىر بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

KD34109,0000500-UG-17JAN20-2/2

# ئوم‍ومى مەشغۇلاتلار - AM/FM رادىئولىرى A

## نىشانلانغان ئىشلىتىش مەقسىدى

بۇ رادىئو بولسا ستېما ئېلېكتىر بېسىمى 12 ۋولتلىق ماشىنىلارنىڭ 1-DIN ئوقۇرىغا بېكىتىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.

KD34109,0000502-UG-17JAN20-1/1

## رادىئو قوبۇللىغۇچىنىڭ ئاساسىي تەڭشەكلىرى

رادىئو چوقۇم تۈرۈشلۈق دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس دولقۇن بۆلىكىگە (توغرىلىغۇچ دولقۇن بۆلىكىگە) توغرىلانغان بولىشى كېرەك. ئەگەر رادىئو ئىستانسىسى تېپىلمىسا، رادىئو توغرىلىغۇچنى دۇرۇس رايۇنغا توغرىلىغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ رادىئو مەشغۇلاتى - AM/FM رادىئولىرى A بۆلۈمىدىكى توغرىلىغۇچ دولقۇن بۆلىكى دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

KD34109,0000504-UG-17JAN20-1/1

## ئۈنسىز قىلىش

مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ AM/FM رادىئولىرى A بۆلۈمىدىكى كونتروللىغۇچلار ۋە ئەسۋابلار دېگەن مەزمۇندا كۆرسىتىلگەن تۈگمىنى ئىشلىتىپ ئاۋازنى ئۈچۈرۈشكە بولىدۇ. بىر قېتىم باسقاندا ئاۋاز ئۈچىدۇ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم باسقاندا ئاۋاز ئەسلىگە قايتىدۇ. ماتورنىڭ ئوتى ئۈچۈرۈلگەندە ئۈنسىز قىلىش فۇنكسىيىسى ئىشلىمەيدۇ.

KD34109,0000506-UG-17JAN20-1/1

## يورۇقلۇق دەرىجىسىنى تەڭشەش

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. DIMMING يورىتىلغىچە كونۇپكىنى بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كونۇپكىنى ئوڭغا بۇراڭ ياكى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سولغا بۇراڭ.
5. كۆڭۈلدىكىدەك تەڭشىگەندىن كېيىن، ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ESC نى بېسىڭ ياكى 10 سېكونت تەخىر قىلىپ تىزىملىكتىن چېكىنىڭ.

KD34109,0000507-UG-18SEP19-1/1

## سائەتنى توغرىلاش

**ۋاقىتنى ماس قادەملەشتۈرۈش (پەقەت CommandCenter™ بولغان ماشىنىلارغا قارىتا)**

ئەگەر ماشىنىنىڭ CAN تورىدا سائەت مەۋجۇت بولسا،ۋاقىتنى رادىئو ئۆزى ماس قەدەملەشتۈرىدۇ.

**ۋاقىتنى قولدا توغرىلاش**

ئەگەر ماشىنىنىڭ CAN تورىدا سائەت مەۋجۇت بولمىسا، ۋاقىتنى رادىئونىڭ ئىشلەتكۈچى تىزىملىكى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ. ئېلېكتىر مەنبەسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە سائەتنى قايتىدىن توغرىلاشقا بولىدۇ.

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. CLOCK SETUP يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. SET TIME يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. سائەت سانىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى ئوڭغا ياكى كېمەيتىش ئۈچۈن سولغا بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىپ مىنۇتنى تەڭشەشكە ئاتلاڭ.
   - مىنۇتنى تەڭشەشتىن سائەتنى تەڭشەشكە ئاتلاش ئۈچۈن ESC نى بېسىڭ.
8. مىنۇت سانىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى ئوڭغا ياكى كېمەيتىش ئۈچۈن سولغا بۇراڭ.
9. تىزىملىككە قايتىش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ.

**ۋاقىت فورماتىنى تەسىس قىلىش**

رادىئو ۋاقىتنى 12 سائەتلىك ياكى 24 سائەتلىك فورماتتا كۆرسىتەلەيدۇ.

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. CLOCK SETUP يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. FORMAT يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئېكراندا 12 HRS ياكى 24 HRS فورماتى يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
7. تىزىملىككە قايتىش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ.

**سائەتنىڭ كۆرۈنىشىنى بەلگىلەش**

سائەتنىڭ كۆرۈنۈشىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بەلگىلەشكە بولىدۇ:

- ON—ئېكراندا سائەت داۋاملىق كۆرۈنىدۇ.
- OFF—ئېكراندا سائەت پەقەت رادىئو ئۆچكەن ۋاقىتتىلا كۆرۈنىدۇ.

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. CLOCK SETUP يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. CLOCK VISIBLE يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئېھتىياجغا بېقىپ ON ياكى OFF تەڭشىكى يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
7. تىزىملىككە قايتىش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ.

KD34109,0000509-UG-18SEP19-1/1

## قوشۇمچە كىرىش ۋە USB كىرىشى

ئېغىزنىڭ ئورنى ماشىنىغا بېقىپ ئوخشىمايدۇ.

### ئارقىدىكى قوشۇمچە كىرىش

قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرگە ئۇلاش ئۈچۈن، AUX ئېغىزى (A) نى ئىشلىتىڭ. مەنبەلەردە R AUX 1 دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

### USB كىرىشى

USB ئۈسكۈنىلىرىنى ئۇلاش ئۈچۈن USB ئېغىزى (B) نى ئىشلىتىڭ.

| قوللايدىغان USB ھۆججەت تۈرلىرى | |
|---|---|
| **مېدىيا فورماتى** | **ھۆججەت فورماتى** |
| ئاۋاز | mp3, .wma, .aac, .m4a, .wav. |
| قويۇش تىزىمى | m3u, .wpl. |

### USB توكلاش

خېرىدار ئىشلەتكەن ئۈسكۈنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، USB ئېغىز 2.1 ئامپېر (10 ۋات) غىچە توكلاش ئىقتىدارى بار.

RXA0165156—UN—14NOV18




### رادىئودا كىرىشنى تاللاش

چېتىقلىق ھالەتتە رادىئو مەنبەسى ئاپتوماتىك ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر ئۈسكۈنە چېتىقلىق ھالەتتە مەنبە ئۆزگەرتىلگەن بولسا، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئەسلىگە قايتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىزاھات: ئەڭ ياخشى ئۈنۈمدارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈسكۈنىنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق مەنبەگە چاتماڭ.

1. SRC كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مەنبەلەرنى ئارىلاڭ.
2. كۆڭۈلدىكى مەنبە كۆرۈنگەندە، ئاۋاز چوڭلۇقى كونۇپكىسىنى بېسىپ تاللاڭ ياكى تەخمىنەن 2 سېكۇنت ساقلاپ مەنبەلەردىن چېكىنىڭ.

HS35416,0001180-UG-02MAY23-1/1

## توغرىلىغۇچ دولقۇن رايۇنى

| توغرىلىغۇچ دولقۇن بۆلىكى | دۆلەتلەر | |
|---|---|---|
| ئامېرىكا، كانادا، مېكسىكا، كارىبىيەك، نىكاراگۇئا | ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى<br>كانادا<br>مېكسىكا | دومىنىكان جۇمھۇرىيىتى<br>نىكاراگۇئا |
| جەنۇبىي ئامېرىكا | ئارگېنتىنا<br>بولىۋىيە<br>برازىلىيە | گۇيانا<br>ئۇرۇگۋاي<br>ۋېنېسۇئېلا |
| ياۋروپا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى، روسىيە | ئاۋىستىرىيە<br>بېلگىيە<br>بۇلغارىيە<br>شۋېتسارىيە<br>چېخ جۇمھۇرىيىتى<br>گېرمانىيە<br>دېنمارك<br>ئېستونىيە<br>ئىسپانىيە<br>فىنلاندىيە<br>فرانسىيە<br>بۈيۈك بېرىتانىيە<br>شىمالى ئىرلاندىيە<br>كوروئاتىسىيە<br>ۋېنگرىيە | ئىتالىيە<br>قازاقىستان<br>لىتۋانىيە<br>لۇكسۇمبۇرگ<br>لاتۋىيە<br>گوللاندىيە<br>پولشا<br>پورتۇگال<br>رومىنىيە<br>رۇسىيە<br>سېربىيە<br>شۋېتسىيە<br>سلوۋاكىيە<br>تۈركىيە<br>ئۇكرائىنىيە |
| ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا | ئەرمىنىيە | ئوماند |
| | ئېتىئوفىيە<br>ئىسرائىلىيە | جەنۇبىي ئافرىقا<br>زامبىيە |
| ئاسىيا تىنچ ئوكيان | جۇڭگو | كورىيە |
| تەيۋەن | تەيۋەن | |
| فىلىپپىن | فىلىپپىن | |
| ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە | ئاۋستىرالىيە | يېڭى زېلاندىيە |
| ياپونىيە | ياپونىيە | |

### توغرىلىغۇچ دولقۇن رايۇنىنى تەسىس قىلىش

1. ماتورنى قوزغاتمايلا ئوت ئالدۇرغۇچنى ئېچىڭ.
2. SRC كۇنۇپكىسىنى سائەت كۆرۈنگىچە 4 سېكۇنت بېسىپ تۇرۇڭ.
3. 5 كۇنۇپكىسى ۋە ئاۋاز كۇنۇپكىسىنى تەڭلا ۋاقىتتا 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇڭ.
4. كۆڭۈلدىكى توغرىلىغۇچ دولقۇن رايۇنى يورىتىلغىچە ئاۋاز چوڭلۇقى كۇنۇپكىسىنى بۇراڭ. توغرىلىغۇچ دولقۇن رايۇنىنى تاللاش ئۈچۈن جەدۋەلگە قاراڭ.
5. ئاۋاز چوڭلۇقى كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تاللاڭ.

HS35416,0001181-UG-21JUL20-1/1

## توغرىلىغۇچنى تەسىس قىلىش

PREV ۋە NEXT كونۇپكىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاپتوماتىك تەڭشەك ياكى قول تەڭشىكىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ.

- ئاپتوماتىك—قىسقا باسقاندا كېيىنكى مەۋجۇت ئىستانسىغا يۆتكىدۇ. ئۇزۇن باسقاندا ئىستانسىدىن ئىستانسىغا بىر-بىرلەپ ئۈزلۈكسىز يۆتكىدۇ.
- قولدا—قىسقا باسقاندا ئىستانسىدىن ئىستانسىغا بىر-بىرلەپ ئۈزلۈكسىز يۆتكىدۇ، ئۇزۇن باسقاندا كېيىنكى مەۋجۇت ئىستانسىغا يۆتكىدۇ.

### تەڭشەكنى تەسىس قىلىش

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. TUNER CFG يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئېھتىياجغا بېقىپ AUTO ياكى MANUAL تەڭشىكى يورىتىلغىچە ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراڭ.
5. تىزىملىككە قايتىش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ.

KD34109,0000527-UG-18SEP19-1/1

## دولقۇن بەلۋېغىنى تاللاش

| رايون | دولقۇن بەلۋېغى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | FM1/FM2 | AM | WX | LW |
| شىمالى ئامېرىكا | X | | X | — |
| ياۋروپا | X | | — | X |
| باشقىلار | X | | — | |

1. SRC تۈگمىسىنى بېسىپ مەنبەلەرنى ئارىلاڭ.
2. كۆڭۈلدىكى مەنبە كۆرۈنگەندە، ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ ياكى تەخمىنەن 2 سېكونت تەخىر قىلىپ مەنبەلەردىن چېكىنىڭ.

KD34109,000050F-UG-18JUL19-1/1

## ئىزدەش سەزگۈرلىكىنى ئۆزگەرتىش

1. AM ياكى FM مەنبەسىنى كۆرسەتكەندە، تىزىملىك كۆرۈنگۈچە ئاۋاز كودلىغۇچنى بېسىپ تۇرۇڭ.
2. سىيرىپ سەزگۈرلۈكنى ئىزدەڭ، ئاۋاز كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ ۋە قويۇپ بېرىڭ. ئىزدەش سەزگۈرلۈك تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەندە زاۋۇت ھالىتى كۆرسىتىلىدۇ.
3. ئىزدەش قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ (1- دىن 6-) تېخىمۇ كۆپ ئىزدەش مەشغۇلاتى بار بېكەتلەردە توختاش ئۈچۈن سەزگۈرلۈكنى تەڭشەڭ. ئىزدەش مەشغۇلاتى جەريانىدا ئاز بېكەتلەردە توختاش ئۈچۈن سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇڭ.

HS35416,0001182-UG-27JUL20-1/1

## ئالدىن تەسسىلەر

**ساقلاش**

1. ساقلىۋېلىشنى ئىستىگەن ئىستانسىنى ئىزدەپ تېپىڭ.

2. تاكى "پىپ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغانغا قەدەر (1 دىن 6 غىچە) ئالدىن تەسسىس تۈگمىسىنى بېسىپ تۇرۇڭ.

**يادىغا ئەكىلىش**

ئىستانسا ساقلانغان خالىغان بىر ئالدىن تەسسىس تۈگمىسىنى بېسىڭ.

KD34109,0000510-UG-22JUL19-1/1

## ئاختۇرۇش ۋە ئاپتوماتىك ئاختۇرۇش

**ئاختۇرۇش**

SCAN تۈگمىسىنى بېسىپ كۈچلۈك چاستوتىلارنى ئىزدەڭ. تېپىلغان ھەر بىر كۈچلۈك سىگنالدا رادىئو 8 سېكونت توختايدۇ، ئاندىن كېيىنكىسىگە ئاتلايدۇ. كۆڭۈلدىكى چاستوتا تېپىلغاندا SCAN تۈگمىسىنى يەنە بىر قېتىم بېسىڭ. ئەگەر ئۇدا ئىككى ئىزدەش دەۋرىدە كۈچلۈك چاستوتا تېپىلمىسا،NO STATION FOUND كۆرۈنىدۇ ۋە رادىئو باشلانغۇچ چاستوتىغا قايتىدۇ.

**ئاپتوماتىك ئاختۇرۇش**

ASCN مودىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن:

ASCN تۈگمىسىنى (4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق ۋاقىت) بېسىپ تۇرۇڭ؛ بۇ چاغدا ئۈۋەتتىكى دولقۇن بۆلىكىدە سىگنالى ئەڭ كۈچلۈك ئالتە چاستوتا ۋاقىتىنچە ئالدىن تەسسىس سۆپىتىدە ساقلىنىدۇ. ئاختۇرۇش باشلانغاند، رادىئو "پىپ" قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. چاستوتىلار تېپىلىش تەرتىپى ۋە سىگنال سۈپىتى بويىچە دەرىجىگە تىزىلىپ ساقلىنىدۇ. ساقلاش تاماملانغاندىن كېيىن، رادىئو ئالدىن تەسسىس 1 دە بولۇنغان ئىستانسىنى قويۇشقا باشلايدۇ.

(تۆۋەندىكىلەرنىڭ خالىغان بىرى ئارقىلىق) ASCN مودىدىن چېكىنىشكە بولىدۇ:

- ASCN تۈگمىسىنى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇڭ.
- SRC/PWR تۈگمىسىنى بېسىڭ.
- رادىئونى ئۆچۈرۈڭ.
- ئوتئالدۇرۇش ئۇزچاتىنى ئۆچۈرۈپ ياندۇرۇڭ.
- باتارېيەدىن ئاجرىتىڭ.

KD34109,0000511-UG-17JAN20-1/1

## USB ساقلىغۇچ

### ساقلىغۇچ تەلەپلىرى

| USB توپلام ساقلىغۇچنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى |
|---|
| پەقەتلا MS-Dos بۆلۈنمە رايۇنىغا قارىتا |
| سىنىپ تېخنىكىلىق ئۆلچىمى (USB MSC) |
| FAT32، FAT16، NTFS فورماتلىرى ۋە HFS+ نى قوللايدۇ |
| exFAT فورماتىنى قوللىمايدۇ |
| قاتتىق دىسكا قوزغاتقۇچنى قويالايدۇ، لېكىن قوللىمايدۇ |
| يېزىش چەكلەنگەن مۇزىكىنى كەينىگە ياندۇرۇپ قويالمايدۇ |
| MTP قويغۇچنى قوللىمايدۇ |

### MP3 ھۆججىتى تەلەپلىرى

| | |
|---|---|
| **بىت سۈرئەتلىرى** | MPEG-1 نىڭ 3- ئاۋاز قەۋىتىگە قارىتا: سېكونتىغا 96، 80، 64، 56، 48، 40، 32، 112، 124، 160، 192، 224، 256، 320 كىلوبىت |
| **ئەۋرىشكىلەش چاستوتىلىرى** | MPEG-1 نىڭ 3- ئاۋاز قەۋىتىگە قارىتا 32، 44.1، ۋە 48 كىلوھېرتس |
| **ھۆججەت قىسقۇچ ئەڭ كۆپ بولغاندا** | سەككىز ھۆججەت قىسقۇچ، 255 ھۆججەت/ھۆججەت قىسقۇچ |
| **قوللايدىغان قويۇش تىزىمى نەشرلىرى** | pls. ۋە m3u. |

### قوغدالمايدىغان WMA ھۆججىتى تەلەپلىرى

| | |
|---|---|
| **نەشرلىرى** | 1, 2, 7, 8, 9, ۋە 9.1 |
| **بىت سۈرئەتلىرى** | سېكونتىغا 32 دىن 320 كىلوبىتقىچە |
| **ئەۋرىشكىلەش چاستوتىلىرى** | 32 دىن 48 كىلوھېرتسقىچە |

KD34109,0000512-UG-02MAY23-1/1

## USB ھۆججىتىنى قويۇش

**ئاۋاز يولىنى قويۇش/تەنەپپۇس**— نۆۋەتتىكى ئاۋاز يولىنى قويىدۇ ياكى تەنەپپۇس قىلىدۇ.

**ئاۋاز يولىنى تەكرار قويۇش**— نۆۋەتتىكى ئاۋاز يولىنى تەكرار قويۇش ئۈچۈنRPT تۈگمىسىنى بېسىڭ. 1 دەپ كۆرۈنگەن سىنبەلگىنى بېسىڭ. ئاۋاز يولىنى تىزىمنى قايتىلاش ئۈچۈن قايتىدىن بېسىڭ. 1 دەپ كۆرۈنمىگەن سىنبەلگىنى بېسىڭ. تەكرار قويۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېسىڭ.

**ئاۋاز يولىنى ئىختىيارى قويۇش**— ئاۋاز يوللىرىنى ئىختىيارى تەرتىپتە قويۇش ئۈچۈن RDM تۈگمىسىنى بېسىڭ. بۇ فۇنكسىيە ئاكتىپ ھالەتكە ئۆتكەندە ئىختىيارى قويۇش سىنبەلگىسى كۆرۈنىدۇ. ئىختىيارىي تەرتىپتە قويۇشنى توختىتىش ئۈچۈن قايتا بېسىڭ.

**ئالدىنقى ئاۋاز بۆلىكى**- تىزىملىكتىكى ئالدىنقى بىر ئاۋاز بۆلىكىگە قايتىش ئۈچۈن PREV تۈگمىسىنى بېسىڭ. ئەگەر نۆۋەتتىكى ئاۋاز بۆلىكىنىڭ قويۇلۇۋاتقىنىغا 10 سېكونتتىن ئۇزۇنراق ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ تۈگمە بېسىلسا ئاۋاز يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىدۇ.

**كېيىنكى ئاۋاز بۆلىكى**— تىزىملىكتىكى كېيىنكى بىر ئاۋاز بۆلىكىگە ئاتلاش ئۈچۈن NEXT تۈگمىسىنى بېسىڭ.

**ئاۋاز بۆلىكىنى كەينىگە ياندۇرۇش**— نۆۋەتتىكى ئاۋاز بۆلىكىدە تۇرۇپ مۇشۇ تۈگمە بىلەن PREV تۈگمىسىنى تەڭ بېسىپ تۇرغاندا كەينىگە ياندۇرغىلى بولىدۇ. كەينىگە ياندۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن تۈگمىنى قويىۋېتىڭ.

**ئاۋاز بۆلىكىنى تېز ئۆتكۈزۈش**— نۆۋەتتىكى ئاۋاز بۆلىكىنى تېز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن NEXT تۈگمىسىنى بېسىپ تۇرۇڭ. تېز ئۆتكۈزۈشنى توختىتىش ئۈچۈن تۈگمىنى قويىۋېتىڭ.

**كۆز يۈگۈرتۈش**

1. كۆز يۈگۈرتۈش تۈگمىسىنى بېسىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسى ياكى NEXT/PREV تۈگمىلىرى ئارقىلىق تاللاشلارنى ئارىلاڭ.
3. كۆڭۈلدىكى كاتېگورىيە ياكى تۆۋەندىكى ماس تارماق كاتېگورىيىلەر ئارىسىدىن تاللاش ئۈچۈن ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ:
   a. ئارتىسلار——ئارتىس تاللاش – ئالبۇم تاللاش > ناخشا تاللاش
   b. ئالبۇملار——ئالبۇم تاللاش > ناخشا تاللاش
   c. ناخشىلار——ناخشا تاللاش
   d. ژانىرلار——ژانىر تاللاش > ناخشا تاللاش
   e. قويۇش تىزىمى——قويۇش تىزىمىنى تاللاش > ناخشا تاللاش
   f. ھۆججەت قىسقۇچلار——ھۆججەت قىسقۇچ تاللاش > ناخشا تاللاش

KD34109,0000513-UG-20JAN20-1/1

## قوشۇمچە (AUX) ئۈسكۈنىلەر

AUX ئۈسكۈنىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئورۇننىڭ خالىغان بىرىگە چېتىشقا بولىدۇ:

- ئالدى AUX—رادىئونىڭ ئالدى يۈزىگە جايلاشقان بولۇپ، كىرىش مەنبەلىرىدە F AUX دەپ كۆرسىتىلگەن. پەقەت ئۈسكۈنە چېتىلغاندا مەنبەلەردە كۆرۈنىدۇ.
- ئارقا AUX—ماشىنىغا بىۋاسىتە ئورنى پەرىقلىق بولىدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ AM/FM رادىئولىرى A– تاشقىرىقى ئاۋاز مەنبەلىرى بۆلۈمىدىكى قوشۇمچە ۋە USB كىرىشلىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

AUX ئاۋاز بۆلىكى چېتىلغان ئەسلىھە تەرىپىدىن تەڭشىلىدۇ. ئاۋاز چوڭلۇقىنى رادىئو ۋە چېتىلغان ئۈسكۈنىدىن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

## AUX نى مەنبە قىلىپ تاللاش

چېتىقلىق ھالەتتە رادىئو مەنبەسى ئاپتوماتىك ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر ئۈسكۈنە چېتىقلىق ھالەتتە مەنبە ئۆزگەرتىلگەن بولسا، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئەسلىگە قايتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىزاھات: ئەڭ ياخشى ئۈنۈمدارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈسكۈنىنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق مەنبەگە چاتماڭ.

1. SRC كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مەنبەلەرنى ئارىلاڭ.
2. كۆكۈلدىكى AUX مەنبە كۆرۈنگەندە، ئاۋاز چوڭلۇقى كونۇپكىسىنى بېسىپ تاللاڭ ياكى تەخمىنەن 2 سېكۇنت ساقلاپ مەنبەلەردىن چېكىنىڭ.

HS35416,0001183-UG-22JUL20-1/1

## Bluetooth® نى قوزغىتىش ياكى توختىتىش

ئىلگىرى جۈپلەشتۈرۈلگەن ئەسلىھە يېقىن بىر جايغا كەلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭ Bluetooth® ئىقتىدارى قوزغىتىلغان بولسا، ئاپتوماتىك ئۇلىنىدۇ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ Bluetooth® ئەسلىھەسىنى جۈپلەشتۈرۈش دېگەن مەزمۇنىنى كۆرۈڭ.

**قوزغىتىش**

1. رادىئونى ئېچىڭ.
2. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسى ئارقىلىق BT DISABLED نى تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ENABLE يورىغۇچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

مۇۋاپىقىيەتلىك قوزغىتىلغاندىن كېيىن، Bluetooth® سىنبەلگىسى كۆرۈنىدۇ.

**توختىتىش**

1. رادىئونى ئېچىڭ.
2. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى BT ENABLED يورىغۇچە بۇراڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DISABLE يورىغۇچە بۇراڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

توختىتىش مۇۋاپىقىيەتلىك بولسا Bluetooth® سىنبەلگىسى كۆرۈنمەيدۇ.

KD34109,0000515-UG-17JAN20-1/1

## Bluetooth® ئەسلىھەسىنى جۈپلەشتۈرۈش

1. Bluetooth® نى قوزغىتىڭ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ Bluetooth® نى قوزغىتىش ياكى توختىتىش دېگەن مەزمۇنىنى كۆرۈڭ.
2. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ADD PHONE يورىغۇچە بۇراڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ. رادىئو تېلېفوننى جۈپلەشتۈرۈش جەريانىنى باشلايدۇ.
5. رادىئودا كۆرۈنگەن مەۋجۇت Bluetooth® ئەسلىھەلىرى ئارىسىدىن تېلېفوننىڭ نامىنى تاللاڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى YES يورىغۇچە بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
8. تېلېفوننىڭ باغلىنىش قۇرۇشقا ئالاقىدار كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىڭ. رادىئودا مەخپىي نومۇر كۆرۈنىدۇ.

تېلېفون مۇۋاپىقىيەتلىك جۈپلەشكەندىن كېيىن، رادىئودا ئەسلىھەنىڭ ئىسمى، BT PHONE ۋە BT AUDIO ۋاقىتىنچە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر نۆۋەتتە مەشغۇل بولسا، BT PHONE ۋە ياكى BT AUDIO نىڭ يېنىدا بىر دانە X كۆرىنىدۇ. ئەگەر نۆۋەتتە ئىشلەتكىلى بولسا، بىر دانە توغرا بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. رادىئوغا باغلانغان ۋاقىتتا، ئەگەر ئالاقىلاشقۇچىلار تىزىملىكى يۈكلىنىۋاتقان بولسا Bluetooth® سىنبەلگىسى چاقناپ تۇرىدۇ. يۈكلەش ئۈچۈن ئەسلىھەدىن ئىجازەت سورىلىشى مۇمكىن.

KD34109,0000516-UG-17JAN20-1/1

## Bluetooth® ئەسلىھەسىنى باغلاش ياكى ئاجرىتىش

ئەسلىھەنى باشلاش ياكى ئاجرىتىش ئۈچۈن Bluetooth® ئىقتىدارى چوقۇم قوزغىتىلغان ۋە ئەسلىھە بىلەن جۈپلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ Bluetooth® ئەسلىھەسىنى جۈپلەشتۈرۈش ۋە Bluetooth® نى قوزغىتىش ياكى توختىتىش دېگەن مەزمۇنلىرىنى كۆرۈڭ.

**ئەسلىھەنى باغلاش**

1. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى CONNECT PHONE يورىغۇچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى كۆڭۈلدىكى ئەسلىھە يورىغۇچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

تېلېفون مۇۋاپىقىيەتلىك باغلانغاندىن كېيىن، رادىئودا ئەسلىھەنىڭ ئىسمى، BT PHONE ۋە BT AUDIO ۋاقىتىنچە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر نۆۋەتتە مەشغۇل بولسا، BT PHONE ۋە ياكى BT AUDIO نىڭ يېنىدا بىر دانە X كۆرىنىدۇ. ئەگەر نۆۋەتتە ئىشلەتكىلى بولسا، بىر دانە توغرا بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. رادىئوغا باغلانغان ۋاقىتتا، ئەگەر ئالاقىلاشقۇچىلار تىزىملىكى يۈكلىنىۋاتقان بولسا Bluetooth® سىنبەلگىسى چاقناپ تۇرىدۇ. باغلانغان ۋاقىتتا تېلېفون سىنبەلگىسى كۆرۈنىدۇ.

**باغلاقلىق ئەسلىھەنى ئاجرىتىش**

1. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DISCONNECT PHONE يورىغۇچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، تېلېفون سىنبەلگىسى قايتا كۆرۈنمەيدۇ.

KD34109,0000517-UG-24JUL19-1/1

## ®Bluetooth ئەسلىمەسىنى چىقىرىپ تاشلاش

1. تېلېفون تۈگمىسىنى بېسىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DELETE PHONE يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراپ تۆۋەندىكىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى يورىتىڭ:
   a. ئۈچۈرمەكچى بولغان خالىغان بىر ئەسلىمەنىڭ نامى.
   b. تىزىملىكتىكى بارلىق ئەسلىمەلەرنى ئۆچۈرمەكچى بولسىڭىز DELETE ALL نى.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

رادىئودا PHONE DELETED دېگەن ئۇچۇر ۋاقتىنچە كۆرۈنىدۇ ۋە تېلېفون سىنبەلگىسى قايتا كۆرۈنمەيدۇ.

KD34109,0000518-UG-24JUL19-1/1

## ®Bluetooth نىڭ قولنى مەشغۇل قىلماي تېلېفون ئۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرى

قولنى مەشغۇل قىلماي تېلېفون ئۇرۇش ئىقتىدارلىرىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەسلىھە چوقۇم جۈپلەشكەن ۋە باغلانغان بولۇشى كېرەك. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ ®Bluetooth ئەسلىھەسى ۋە ®Bluetooth ئەسلىھەسىنى باغلاش ياكى ئاجرىتىش دېگەن مەزمۇنلىرىنى كۆرۈڭ.

ئىزاھات: ئەسلىھەدىمۇ چوقۇم قولنى مەشغۇل قىلدۇرمايدىغان ئىقتىدار بولۇشى كېرەك؛ بەزى ئەھۋاللاردا، ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### نومۇر بۇراش تېزىملىكى

تېلېفون تۈگمىسىنى (4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق) بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.

### نومۇرغا قايتا ئۇرۇش

باغلانغان ئەسلىھەدىكى ئىلگىرى ئۇرغان نومۇرغا قايتا تېلېفون قىلىدۇ.

1. تېلېفون تۈگمىسىنى 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DIAL REDIAL يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

### ئالاقىلاشقۇچىلارغا ئۇرۇش

ئالاقىلاشقۇچىلار تېزىمىدىكى نومۇرغا تېلېفون قىلىدۇ.

1. تېلېفون تۈگمىسىنى 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DIAL CONTACTSL يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى كۆڭۈلدىكى ئالاقىلاشقۇچى كۆرۈنگىچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

### ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان نومۇرلار

ئۆزى ئۇرغان، قوبۇل قىلغان، ياكى قاچۇرۇپ قويغان تېلېفون نومۇرلىرىغا ئۇرىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون تېلېفون نومۇرىنى ساقلىيالايدۇ.

1. تېلېفون تۈگمىسىنى 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى LAST CALLS يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بۇراپ تۆۋەندىكىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى يورىتىڭ:
   a. ئۇرغان نومۇرلار
   b. قوبۇل قىلغان نومۇرلار
   c. قاچۇرۇپ قويغان نومۇرلار
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ئىستىگەن ئالاقىلاشقۇچى ياكى تېلېفون نومۇرى كۆرۈنگىچە بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

### ئامراقلارنى ساقلاش

ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتە تېلېفون نومۇرىنى ئامراقلار تىزىمىگە ساقلىۋالغىلى بولىدۇ.

1. باشتا چۈشەندۈرۈلگەندەك تۆۋەندىكىلەرنىڭ خالىغان بىرى بويىچە ئالاقىلاشقۇچىنى ئىزدەپ تېپىڭ:
   a. ئالاقىلاشقۇچىلارغا تېلېفون قىلىش
   b. ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان نومۇرلار
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ. بارلىق مەۋجۇت ئالاقىلاشقۇچىلارنىڭ نومۇرلىرى كۆرۈنىدۇ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ئىستىگەن تېلېفون نومۇرى كۆرۈنگىچە بۇراڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ADD FAV يورىغىچە بۇراڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

PHONE SAVED دېگەن ئۇچۇر ۋاقتىنچە كۆرۈنىدۇ ۋە ئالاقىلاشقۇچى ئامراقلار تىزىملىكىگە قېتىلىدۇ.

### ئامراقلارغا ئۇرۇش

ئامراقلار تىزىمىدىكى ئالاقىلاشقۇچىغا تېلېفون قىلىدۇ.

1. تېلېفون تۈگمىسىنى 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى FAVORITES يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ئىستىگەن ئامراق نومۇر كۆرۈنگىچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DIAL يورىغىچە بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

ئالاقىلاشقۇچىغا تېلېفون قىلىنىدۇ ۋە ئالاقىلاشقۇچى ئۇچۇرلىرى كۆرۈنىدۇ.

### ئامراقلارنى ئۆچۈرۈش

ئامراقلار تىزىملىكىدىن ئالاقىلاشقۇچىنى ئۆچۈرىدۇ.

1. تېلېفون تۈگمىسىنى 4 سېكۇنت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تېزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى FAVORITES يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ئىستىگەن ئامراق نومۇر كۆرۈنگىچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DEL FAV يورىغىچە بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.

FAVORITE DELETED دېگەن ئۇچۇر ۋاقتىنچە كۆرۈنىدۇ ۋە ئالاقىلاشقۇچى ئامراقلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ.

### كىرگەن تېلېفونلار

KD34109,000052B-UG-27JAN20-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

تېلېفون كەلگەن ۋاقىتتا (ئەگەر مەۋجۇت بولسا) تېلېفون ئۇرغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى كۆرۈنىدۇ. تېلېفون سايراۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ قوڭغىراق ئاۋازىنى ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسى ئارقىلىق تەڭشەشكە بولىدۇ. ئاۋاز سەۋىيىسى 13 دىن تۆۋەن بولغاندا، بۇ تەڭشەك كەلگۈسىدە تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ساقلانمايدۇ. ئاۋاز سەۋىيىسى 13 دىن يۇقىرى بولغاندا، بۇ تەڭشەك كەلگۈسىدە تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ساقلانمايدۇ.

**تېلېفون قوبۇل قىلىش**

كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۈگمىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى بېسىڭ:

- تېلېفون
- ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسى
- NEXT

**تېلېفوننى رەت قىلىش**

كەلگەن تېلېفوننى رەت قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۈگمىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى بېسىڭ:

- ESC
- PREV

**داۋاملىشىۋاتقان تېلېفونلار**

قولنى مەشغۇل قىلماي ئۇلانغان تېلېفون سۆزلىشىشى جەريانىدا، رادىئودا ئالاقىلاشقۇچىنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە تېلېفون سۆزلەشكەن ۋاقىت كۆرۈنىدۇ.

**تېلېفوننى ئاخىرلاشتۇرۇش**

تېلېفون سۆزلىشىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۈگمىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى بېسىڭ:

- تېلېفون
- ESC
- PREV

**مىكروفوننى ئۈنسىز قىلىش**

داۋام قىلىۋاتقان قولنى مەشغۇل قىلمايدىغان تېلېفون سۆزلىشىشى جەريانىدا مىكروفوننى ئۈنسىز قىلىش ئۈچۈن، قويۇش/تەنەپپۇس تۈگمىسىنى بېسىڭ. ئاۋازنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بېسىڭ.

**تېلېفون سۆزلىشىشنى يۆتكەش**

داۋاملىشىۋاتقان تېلېفون سۆزلىشىشنى ئەسلەھەگە يۆتكەش ئۈچۈن، تېلېفون تۈگمىسىنى (4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق ۋاقىت) بېسىپ تۇرۇڭ. رادىئوغا قايتۇرۇش ئۈچۈن بولسا يەنە بىر قېتىم ئۇزۇن بېسىپ تۇرۇڭ.

KD34109,000052B-UG-27JAN20-2/2

## Bluetooth® ئاۋاز

ئۇلانغان Bluetooth® ئۈسكۈنىسىدىكى مۇزىكا ھۆججىتىنى قويۇش مەزكۇر ئىقتىدارنى قوللىنىش ئۈچۈن، ئۈسكۈنە ئۇنى چوقۇم قوللىشى كېرەك.

ئىزاھات: ئەڭ ياخشى ئۈنۈمدارلىق ئۈچۈن:

- ئىقتىدارنى ئۈسكۈنىنىڭ سۈكۈتتىكى قويغۇچىسى بىلەن ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- ئۈسكۈنىنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق مەنبەگە چاتماڭ.

### Bluetooth® نى مەنبە سۈپىتىدە تاللاش

**مۇھىم: ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، Bluetooth® تېلېفونى ياكى ئاۋازلىق قويۇش جەريانىدا تېلېفون ئاۋازىنىڭ ئاز دېگەندە 50% ئورلىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭ. ئاندىن كۆڭۈلدىكى ماشىنا ئىچى ئاۋاز چوڭلۇقىغا ئاساسەن رادىئو ئاۋازىنى تەڭشەڭ.**

**مۇھىم: ئەگەر تېلېفوندىكى ئاۋاز تەڭشىكى تۆۋەن بولۇپ، رادىئو ئاۋازى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە تەڭشەلسە (20 دىن 30 گىچە)، تېلېفوننىڭ ي‍ەنە بىر ئۈچىدىكى ئاڭلىغۇچىلار بۇزۇلغان ئاۋازنى ئاڭلىشى مۇمكىن. تېلېفوننىڭ تىپىغا ئاساسەن، تېلېفوننىڭ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىز.**

1. ئۈسكۈنىنى Bluetooth® ئارقىلىق رادىئوغا باغلاڭ. مەزكۇر مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنىڭ Bluetooth® ئەسلەمىسىنى باغلاش ياكى ئاجرىتىش دېگەن مەزمۇنلىرىنى كۆرۈڭ.
2. SRC كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مەنبەلەرنى ئارىلاڭ.
3. BT AUDIO مەنبە كۆرۈنگەن ۋاقىتتا، ئاۋاز چوڭلۇقى كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ ياكى 2 سېكونت ساقلاپ مەنبەلەردىن چېكىنىڭ.

### Bluetooth® ھۆججىتىنى قويۇش

ئىزاھات: ئەگەر تېلېفوندا Bluetooth® ئاۋاز قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رادىئو ئارقىلىق كەلمىسە، رادىئودىكى Bluetooth® ئارخىپى ئېتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

رادىئودا ئىشلىتىلىدىغان Bluetooth® ئارخىپىنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا تەڭشەڭ:

1. SRC كۇنۇپكىسىنى سائەت ھالىتىگە كىرگىچە بېسىپ تۇرۇڭ.
2. 1 دىن 6 گىچە بولغان كۇنۇپكىلارنى تىزىملىك كۆرۈنگىچە بېسىپ تۇرۇڭ. كودلىغۇچنى بۇراپ كۆكچىش ئارخىپىنى تاللاڭ ۋە Enter نى بېسىڭ.
3. رادىئو كۆكچىش ئاۋاز، كۆكچىش تېلېفون دەپتىرى ۋە كۆكچىش تېلېفون قاتارلىق 3 تاللانمىنى كۆرسىتىدۇ. كودلىغۇچنى ئايلاندۇرۇپ، ئارخىپ تەڭشىكىدىن بىرنى تاللاڭ. تەڭشەكنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كودلىغۇچنى بېسىڭ. بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋېتىش كېرەك.

**ئاۋاز يولىنى قويۇش/تورمۇزلاش–** بېسىپ تۆۋەنتىكى ئاۋاز يولىنى قويۇڭ ياكى تورمۇزلاڭ.

**ئاۋاز يولىنى تەكرار قويۇش–** تۆۋەنتىكى ئاۋاز يولىنى تەكرار قويۇش ئۈچۈنRPT كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. ئاۋاز بۆلىكى تاكى RPT تۈگمىسى قايتا بېسىلغانغا قەدەر قايتىلىنىدۇ. ئاكتىپ ھالەتتە ئۈنتەكتە RPT كۆرۈنىدۇ.

**ئاۋاز يولىنى ئىختىيارى قويۇش–** ئاۋاز يوللىرىنى ئىختىيارى تەرتىپتە قويۇش ئۈچۈن RDM كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. ئاكتىپ ھالەتتە ئۈنتەكتە RDM كۆرۈنىدۇ. ئىختىيارىي تەرتىپتە قويۇشنى توختىتىش ئۈچۈن قايتا بېسىڭ.

**ئالدىنقى ئاۋاز بۆلىكى–** تىزىملىكتىكى ئالدىنقى بىر ئاۋاز بۆلىكىگە قايتىش ئۈچۈن PREV كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. ئەگەر تۆۋەنتىكى ئاۋاز بۆلىكىنىڭ قويۇلۇۋاتقىنىغا 10 سېكونتتىن ئۇزۇنراق ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ تۈگمە بېسىلسا ئاۋاز يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىدۇ.

**كېيىنكى ئاۋاز بۆلىكى–** تىزىملىكتىكى كېيىنكى ئاۋاز بۆلىكىگە ئاتلاش ئۈچۈن NEXT كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.

**ئاۋاز بۆلىكىنى كەينىگە ياندۇرۇش–** تۆۋەنتىكى ئاۋاز بۆلىكىنى كەينىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن PREV كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. كەينىگە ياندۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن تۈگمىنى قويۇۋېتىڭ.

**ئاۋاز بۆلىكىنى تېز ئۇتكۈزۈش–** تۆۋەنتىكى ئاۋاز بۆلىكىنى تېز ئۇتكۈزۈش ئۈچۈن NEXT كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇڭ. تېز ئۇتكۈزۈشنى توختىتىش ئۈچۈن تۈگمىنى قويۇۋېتىڭ.

HS35416,0001169-UG-14AUG20-1/1

## رەقەملىك ئاۋاز تارقىتىش (DAB+) رادىئوسى

**DAB+ نى مەنبە سۈپىتىدە تاللاش**

1. SRC تۈگمىسىنى بېسىپ مەنبەلەرنى ئارىلاڭ.
2. DAB+ مەنبەسى (DAB1، DAB2 ياكى DAB3) كۆرۈنگەن ۋاقىتتا، ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىڭ ياكى 2 سېكونت تەخىر قىلىپ مەنبەلەردىن چېكىنىڭ.

**DAB+ ئۇقتۇرۇشلىرىنى قوزغىتىش**

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى RADIO SETUP يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DAB ANNCMNTS يورىغىچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
6. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى ON يورىغىچە بۇراڭ.
7. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
8. ESC نى بېسىڭ ياكى 10 سېكونت تەخىر قىلىپ تىزىملىكتىن چېكىنىڭ.

**DAB+ ئۇقتۇرۇش كاتېگورىيىلىرى**

1. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى 4 سېكونت ياكى ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىككە كىرىڭ.
2. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى RADIO SETUP يورىغىچە بۇراڭ.
3. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
4. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى تاكى DAB ANNCMNTS CAT يورىغىچە بۇراڭ.
5. ئاۋاز سەۋىيىسى كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق تاللاڭ.
